# ئەركىن سودا نامى بىلەن سودا قورۇقچىلىقى يۈرگۈزۈش

## ــــ ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەققىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□جۇڭ شېڭ

ئەركىن سودا نامى بىلەن سودا قورۇقچىلىقى يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى ھېساپتا دۇنياغا «بىر دەرس ئۆتتى». كىشىلەر شۇنى كۆردىكى، ئامېرىكا تەرەپ ئۆز ئالدىغا كۆپ دۆلەتكە قارىتا سودا تالاش ـ تارتىشى قوزغاپ، «تاموژنا بېجى توسۇقى» قۇرۇپ، ئەركىن سودا دەرۋازىسىنى تاقىدى. خەلقئارادىكى تاراتقۇلارمۇ بۇنى باش تېما قىلغان ھەجۋىي رەسىملەرنى ئېلان قىلىپ، «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى»نى يېڭىدىن ئىزاھلاپ، نۆۋەتتىكى ئامېرىكا تەرەپنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاللىبۇرۇن ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھە دېگەندە سودا قورۇقچىلىقى قىلىشىغا قارىتا كەسكىن، ھەققانىي مەيدانىنى ئىپادىلىگەندى، ئەپسۇس، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۇنىڭغا قىلچە قۇلاق سالمىدى، پەرۋا قىلمىدى.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن توختىماي چىقىۋاتقان ئاساسسىز گەپ ھەققەتەن ئاز ئەمەس. ئامېرىكا جۇڭگو ئامېرىكىغا چىقىرىدىغان تاۋارلاردىن تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش تىزىملىكىنى چىقارغاندا، ئاقساراي دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى كۇدلوۋ مۇنداق دېدى: بۇ ئىجرا قىلىنماسلىقى، بەلكى بىر خىل سۆھبەت تاكتىكىسى بولۇشى مۇمكىن، ئامېرىكا تەرەپ «تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا بىر ئەركىن سودا قىلغۇچى»؛ ئاقساراي دۆلەت سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ناۋاررومۇ خادىسۇن تەتقىقات ئورنىدا ئامېرىكا تەرەپ «ئەركىن سودا قىلغۇچى» دەپ جار سالدى ھەم «بۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەركىن سودىنىڭ مەنىسى ـــ سودا ئەركىن، ئادىل، باراۋەر ۋە تەڭپۇڭ بولۇش» دەپ داۋراڭ سالدى؛ دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىدا، ئامېرىكا تەرەپ: «بىز ئەركىن سودىنى قوللايمىز، لېكىن چوقۇم ئادىل، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بولۇشى كېرەك» دەپ ۋەدە بەردى؛ ئىمپورت قىلىنغان پولات، ئاليۇمىن مەھسۇلاتلىرىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالغاندا، ئامېرىكا تەرەپ «بىزگە كېرەكلىكى ئەركىن، باراۋەر ھەم ئاقىلانە سودا» دەپ جاكارلىدى؛ ئامېرىكا تەرەپ يەنە ئاشكارا ھالدا نۆل تاموژنا بېجى، نۆل توسۇق، نۆل تولۇقلىما شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى... تېخىمۇ كۈلكىلىك بولغىنى، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار بىر تەرەپتىن «جۇڭگو بىلەن بىر خىل ئەركىن، ئادىل ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىقتىساد مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلىمىز» دەپ بىلدۈرگەچ، بىر تەرەپتىن يۈز ئۆرۈپلا جۇڭگو ئامېرىكىغا چىقىرىدىغان 250 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تاۋاردىن 25% تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالدى. گېرمانىيە «سودا گېزىتى»نىڭ «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»نى زورمۇزور «ئەركىن سودا» دېيىلىش ئامېرىكا تەرەپنىڭ «سۆز ئويۇنى» دەپ باھا بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

جۇڭگودا، گېپىڭلا ئەمەس، ھەرىكىتىڭگىمۇ قاراش كېرەك، دەيدىغان گەپ بار. ئەڭ مۇھىمى قانداق دېيىش ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىش. ئەگەر ئامېرىكا تەرەپ راستىنلا ئەركىن سودىنى ھىمايە قىلسا ھەم ئۇنىڭ جۇڭگو تەرەپكە ئوخشاش ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش ئىرادىسى بولسا، سەممىيىتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشى، گېپىدىن يېنىۋېلىپ، تاموژنا بېجى كالتىكىنى پۇلاڭلاتساقلا ئاساسسىز خىياللىرىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز، دەپ قارىماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئامېرىكا تەرەپ راستىنلا ئەركىن سودىنى ھىمايە قىلسا ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلسا، 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت گۇرۇھى مالىيە مىنىستىرلىرى ۋە مەركىزىي بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، قوشما ئاخباراتتا تۇنجى قېتىم ئەركىن سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقىغا سەۋەبچى بولمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئامېرىكا تەرەپ ھەققەتەن ئەركىن سودىنى ھىمايە قىلسا، ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلسا، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇلتۇر ئوتتۇرىغا قويغان ئىمپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا تەڭ، باراۋەر نۆل تاموژنا بېجى يولغا قويۇش تەكلىپىنى رەت قىلمىغان بولاتتى، شۇنداقلا 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ مېكسىكا ئامېرىكىغا چىقىرىدىغان بارلىق تاۋاردىن 5% تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىشنى تاللىمىغان بولاتتى.

خەلق رايى بىر تارازا بولۇپ، ئادىل سودا بىلەن زومىگەرلىك، ئالدامچىلىقنى ئېنىق دەڭسەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۈگۈنكى ئاتالمىش ئەركىن سودىسى كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىگە داۋاملىق بېسىم چۈشۈرۈپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشەنچىنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈپ، چوڭ شەخسىي پايدىغا ئېرىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك يەككە تەرەپلىك ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۈگۈنكى ئاتالمىش نۆل تاموژنا بېجى، نۆل توسۇقى، نۆل تولۇقلىمىسى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزالىرىغا قاراتقان قوغدىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزى خالىغانچە دۇنيادا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۈگۈنكى ئاتالمىش ئادىل رىقابىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، سىغدۇرۇشچان بولۇش، كەمسىتمەسلىك قاتارلىق پىرىنسىپلىرىنى نەزەرگە ئالماي، پىرىنسىپسىز ھالدا ئۆزىگە پايدىلىق ئامىللارنى غەرەزلىك چوڭايتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋاشىنگتوننىڭ نەزەرىدە، ئامېرىكىغا پايدىلىق بولسىلا ئادىل بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قايتا كېلىدۇ. «ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ باپباراۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى سودا ئۇسۇلىدا، كېلىشىم جەزمەن ئامېرىكىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى كېرەك ئىدى.» بۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىق، شۇنداقلا ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھە دەپ يەككە تەرەپچىلىك، تەلۋىلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلى.

ئەركىن، باپباراۋەر بولۇش خەلقئارا سودىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى، ئەركىن سودىنى قوللاش، قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇش دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپى. بۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق سۆھبەتتىن كېيىنكى مۇرەسسە نەتىجىسى. ئامېرىكا تەرەپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىك سودا قائىدىسىنى ئاساسلىق بېكىتكۈچى بولۇپ، ئەركىن سودا ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. لېكىن، دۇنيا سودا قائىدىسى يالغۇز ئامېرىكىنىڭلا قائىدىسى ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەممىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قايتىدىن باشلايدىغان ھوقۇقى يوق، شۇنداقلا ئۇنداق ئەمەلىي كۈچىمۇ يوق.

ئەركىن سودا دېگەن ئەركىن سودا، سودا قورۇقچىلىقى دېگەن سودا قورۇقچىلىقى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار مەيلى قانداق ئويۇن ئوينىسۇن، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆزىنى توسۇۋالالمايدۇ. ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان دەۋردە، مۇھىمى قائىدىنى قوغداش، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت تورىنى زورايتىش، ئەكسىچە ئۆكتەملىك، يولسىزلىق قىلىش، زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش، «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» ئەمەس. ۋاشىنگتوندىكى سىياسەتۋازلارنىڭ جاھىللىقى ئامېرىكىنى قالايمىقان زەربە بېرىش، قالايمىقان ئۇسۇش داۋامىدا يۆنىلىشتىن ئاداشتۇرۇپ، ئاخىرىدا تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالدۇرىدۇ، خالاس.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي يۈ يۆەن: جۇشقۇن سادىق روھ مەڭگۈ ئۆچمەس ئالىيجاناب خىسلەت

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گاۋ جيەنجۈن)** سىچۈەن سۈيىنىڭ شەھىرىدىكى قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، يېشىللىق ئارىسىغا قۇربانلار خاتىرە سارىيى، قۇربانلارنىڭ قەبرىلىرى ھەمدە 1721 قۇرباننىڭ خاتىرە تېشى جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي يۈ يۆەننىڭمۇ قەبرە تېشى بار. ھەر يىلى چىڭمىڭ، 1 ـ ئۆكتەبىر قاتارلىق بايراملاردا نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى بۇ يەرگە كېلىپ قەبرە يوقلاپ سۆيۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ.



يۈ يۆەننىڭ سۈرىتى(ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

يۈ يۆەن، 1893 ـ يىلى سىچۈەننىڭ سۈيىنىڭ شەھىرى شېخۇڭ ناھىيەسى يۈجيابا كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئائىلىسى نامرات ئىدى. ئوچۇق ـ يورۇق، قەيسەر، تىز پۈكمەس يۈ يۆەن زومىگەرلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەزەپلىنىپ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئامالسىز يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ ئەسكەر بولغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ ھاياتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكەن.

يۈ يۆەن باتۇر، جەڭگە ماھىر، تەدبىرلىك كىشى ئىدى. سىچۈەن ئارمىيەسىنىڭ ياڭ سېن قىسمىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئۇ لۇجوۋ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارارلىق كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قىسمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن تۈەنجاڭ، لۈجاڭ، قانۇن ساقچىسى سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەم «جەڭ سەركىسى» دەپ نام چىقارغان. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى باشلانغاندا، يۈ يۆەن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيەنىڭ ھەمكارلىقىنى ھىمايە قىلغان ھەم ياڭ ئەنگۇڭ، ۋۇ يۈجاڭ قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان.

1926 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جۇ دې ياڭ سېن قىسمىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان، بۇ مەزگىلدە ئىككىيلەن زىچ ئالاقىلەشكەن، شۇنىڭدىن كېيىن يۈ يۆەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، ھەققىي ئىنقىلابچى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن.

1926 ـ يىلى، ۋەنشيەن ناھىيەسىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنى چۆچۈتكەن «5 ـ سېنتەبىر پاجىئەسى» يۈز بەرگەن. ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ دەھشەتلىك توپ ھۇجۇمى ئالدىدا، يۈ يۆەن ئەسكەرلەرگە كەسكىن قوماندانلىق قىلىپ جاسارەت بىلەن قايتۇرما زەربە بەرگەن. جەڭدە ئۆز بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللەپ «جياخې» ناملىق ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتىغا ئېتىلىپ چىقىپ، بېشى ۋە پاچىقى يارىلىنىپ قان ئېقىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ قەتئىي چېكىنمەي، ئاخىرىدا ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتىنىڭ كاپىتانى دارلېي ھەم نۇرغۇن ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. جاڭ لەن ئۇنى «مىنگودىن بۇيان، جاھانگىرلارغا زەربە بېرىشكە جۈرئەت قىلغان تۇنجى جۇڭگو ئوفىتسېرى» دەپ ماختىغان.

12 ـ ئاپرېل ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ياڭ سېن جياڭ جيېشىغا ئەگىشىپ ئىنقىلابقا ئاساسلىق قىلدى دەپ باھانە كۆرسىتىپ، يۈ يۆەننىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. 1929 ـ يىلى، جاڭ لەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، يۈ يۆەن سىچۈەن ئارمىيەسى لىيۇ شياڭ قىسمىغا كىرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لۈجاڭ، شىجاڭ، ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىلدە، ئۇ كومپارتىيە ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن، 1930 ـ يىلى «جياڭجىن قوراللىق قوزغىلىڭى»غا مەخپىي قاتناشقان ھەم پائال ئامال ئىزدەپ يەر ئاستى پارتىيە ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قۇتقۇزغان، قوغدىغان. 1935 ـ يىلى، يۈ يۆەن ئالدىنقى سەپكە يۆتكەلگەن مەزگىلدە، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئورۇنلاشتۇرمىنى تەڭشەش، بازىنى يۆتكەشنى باھانە قىلىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغدىغان.

1942 ـ يىلى، جاڭ لەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، يۈ يۆەن جۇڭگو دېموكراتىيە سىياسىي تەشكىلات ئىتتىپاقىغا كىرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، سىچۈەن شىكاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي ساھەسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇرتى شېخۇڭدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، يۈ يۆەن بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان ھەم چېڭدۇدىكى سىياسىي مەھبۇسلار لاگېرى جياڭجۈن ياملى تۈرمىسىگە قامالغان. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ قاتتىق قىين ـ قىستاققا ئېلىشى ۋە قىستاپ مەجبۇرلىشى، ئازدۇرۇشى ئالدىدا، يۈ يۆەن باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي تىز پۈكمەي، ھەققانىيەت يولىدا مەردانە تۇرغان. غەزىپى چەككە يەتكەندە، بۇ جەڭگەرلىك ھەربىي ئەزىمەت ئۈستەلدىكى چاي چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىشپىيونلارغا قارىتىپ ئاتقان ھەم «سېنىڭ مېنى سوراق قىلىشقا نېمە سالاھىيىتىڭ بار؟» دەپ توۋلىغان. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، يۈ يۆەن ئۆزى بىلەن بىر تۈرمىدىكى 30دىن ئارتۇق ئىنقىلابىي سەپدىشى بىلەن بىللە چېڭدۇدىكى شىبېيچياۋدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى 56 ياشتا ئىدى.

چېڭدۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، سىچۈەن غەربىي شىمال ۋاقىتلىق ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار كومىتېتى 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈ يۆەن قاتارلىق شىبېيچياۋدا ۋەتەن يولىدا قەستكە ئۇچراپ قۇربان بولغانلار ئۈچۈن تەنتەنىلىك تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سىچۈەن غەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يۈ يۆەنگە ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىلگەن، شۇ كۈنى، شېخۇڭ ناھىيەسى جېنخۇا بازىرىدىمۇ 5000دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان «ئىنقىلابىي قۇربان يۈ يۆەنگە تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلگەن.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باغچە رايونلار كەسىپ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇ يىل، بىز نۇقتىلىق باغچە رايونلار، نۇقتىلىق كەسىپلەر، نۇقتىلىق تۈرلەرنى چۆرىدەپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كەسىپلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق سېلىنمىنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى باغچە رايون باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ خۇا مۇنداق تونۇشتۇردى: پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىز باغچە رايونلارنىڭ يۇمشاق، قاتتىق مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، كەسىپلەرنىڭ توپلىنىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1 ـ پەسىلدە نۇقتىلىق باغچە رايونلاردا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى نامايان بولدى. ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)دا، ئىش باشلاش پىلانلانغان كەسىپلەر تۈرىدىن 64ى ئەمەلىيلەشتى، شىنجاڭ كەيۋو يېڭى ماتېرىيال پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، جېجياڭ تيەنتيې ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلار مەبلەغ سالغان كۆپ تۈر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلىيلەشتى؛ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 14 بولۇپ، بۇ يىل 11 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى؛ شېنجېن شەھىرى جۇڭتيەنرېن ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش تۈرى قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىغا ماكانلاشتى، 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىلىغا 3 مىليون دانە يان تېلېفون قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال ئىشلەپچىقىرىش ھەم 3 مىليون دانە زاپچاس ۋە يۈرۈشلۈك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى پىلانلىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ سانائەت باغچە رايونىدىكى يېمەكلىك كەسىپلىرى رايونى 11 تۈردە كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىم سوممىسى 8 مىليارد 810 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ كۇيتۇن ـ مايتاغ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دىققەتنى كەسىپ بىلەن شەھەرنى يۇغۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك نازۇك خىمىيە سانائىتى كەسپى قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈرلۈك كەسىپ ۋە ساغلاملىق، كۈتۈنۈش، مەدەنىيەت، ساياھەت كىچىك بازىرى قاتارلىق ئالتە چوڭ يېڭى كەسىپ ھالىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بېكىتتى.

كېيىنكى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش، كەسپىي كۆرگەزمە، ساھە جەمئىيەتلىرى قاتارلىق سۇپىلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، باغچە رايونلار ۋە كارخانىلارنى شېرىكلىشىپ ھەمكارلىشىش، سودا ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىشقا يېتەكلەش قاتارلىق يوللار بىلەن كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ئېقىنغا ئۆزرىشى ۋە يۈرۈشلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن تەسىس قىلىنغان تۈرلۈك باغچە رايون 92گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 23 ئىكەن.

# ئىللىق خەۋەرلەرنى كۆرۈپ، ئىللىق شەخسلەردىن بولايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىللىق خەۋەرنىڭ كىشىلەرگە ئىللىقلىق، ئۈمىد ۋە جاسارەت ئاتا قىلالىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلىگىنىدە. دوستانىلىق پۇقرالار ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ قۇياش نۇرى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئاكتىپ كۈچ قوشۇپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى سىلىقلىغۇچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىزنىڭ ئىللىق خەۋەرگە دىققەت قىلغان ۋاقتىمىز دەل قەلبىمىز قىممەت يېتەكچىلىكىگە موھتاج بولغان ۋاقتىمىزدۇر، ئىللىق خەۋەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىللىق شەخس بولۇشنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىز دەل بىزنىڭ مۇھەببەتنى قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈش، ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت قىممەت تاللىشىنى تاللىغان ۋاقتىمىزدۇر، بۇ ھەم ئاكتىپ كۈچنىڭ تارقىتىلىشى، تېخىمۇ مۇھىمى ئاكتىپ كۈچنىڭ مۇجەسسەملىنىشىدۇر.

بىز ھەربىر ئىللىق خەۋەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مېھرىبانلىقنى مۇجەسسەملەپ، گۈزەل شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆچلۈك قىلىشىغا تەقەززامىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)